# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزدى

**يىغىن ھەيئەت رىياستى ۋە باش كاتىپى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى  يىغىن قارالمىلىرى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە خەلق سارىيىدا تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياستى ۋە باش كاتىپى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى.

13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھازىر بار ۋەكىلى 2953 كىشى. 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە، يىغىن كاتىبات باشقارمىسىغا تىزىمغا ئالدۇرغان ۋەكىل 2907 كىشى. 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى تەييارلىق يىغىنىغا 2895 كىشى قاتناشتى، 58 كىشى قاتناشمىدى، قاتناشقان ئادەم سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

لى جەنشۇ مۇنداق جاكارلىدى: 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېچىلىدۇ، يىغىننىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى تولۇق پۈتتى.

لى جەنشۇ مۇنداق كۆرسەتتى: 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يىغىننىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، يىغىننى دېموكراتىك، ئىتتىپاق، ئەمەلىيەتچىل، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان يىغىن قىلىپ ئېچىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش.

تەييارلىق يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياستى ۋە باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى. يىغىن ھەيئەت رىياستى 174 كىشىدىن تەركىب تاپتى، ۋاڭ چېن يىغىننىڭ باش كاتىپى بولدى.

ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللانغان يىغىن قارالمىلىرىغا ئاساسەن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات قاراپ چىقىلىدۇ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ، 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ، 2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى (تۈزىتىلمە لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى (تۈزىتىلمە لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىلىدۇ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىلىدۇ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىلىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ۋاڭ چېن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېيشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، بەيماچىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا، باش كاتىپ ياڭ جېنۋۇ يىغىنغا قاتناشتى.

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

**يىغىننىڭ كۈنتەرتىپى قاتارلىقلار بېكىتىلدى  بۇ قېتىمقى يىغىن 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئېچىلىدۇ  يىغىن ۋاقتى يەتتە كۈن بولىدۇ**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كەچتە خەلق سارىيىدا 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ھەيئەت رىياستى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىكى 174 كىشى، قاتناشقىنى 171 كىشى، قاتناشمىغىنى ئۈچ كىشى، قاتناشقان ئادەم سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئالدى بىلەن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى. ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىكىنى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، باش كاتىپ ئۈستىگە ئالىدۇ. ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى ھەيئەت رىياستى يىغىنىنى چاقىرىدۇ ھەم رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

يىغىندا 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى. يىغىن كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئېچىش، 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن يېپىش بېكىتىلدى، يىغىن ۋاقتى يەتتە كۈن بولىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھەيئەت رىياستىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان ھەيئەت رىياستىنىڭ بىرقانچە ئەزاسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەر قېتىملىق يىغىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق يىغىندا يىغىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق ياڭ جېنۋۇ، شىن چۈنيىڭ، لى فېي، شۇ شاۋشى، جاڭ يېسۈي، كۇڭ شاۋسۈن، لى باۋرۇڭلارنى يىغىننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى. يىغىندا جاڭ يېسۈي قوشۇمچە يىغىن باياناتچىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

يىغىندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئاۋازغا قويۇش چارىسى قارار قىلىندى. يىغىندا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ بېرىش ۋاقتىنى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سائەت 12دە ئاخىرلاشتۇرۇش قارار قىلىندى. يىغىن مەزگىلىدە يىغىن كاتىبات باشقارمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھەلىرىنى تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەيئەت رىياستىنىڭ قارار چىقىرىشىغا دوكلات قىلىدۇ.

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى

**(2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىندا ماقۇللاندى)**

1. سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش
2. سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش
3. 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى ھەم باشقا ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىش، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىش
4. سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش
5. سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش
6. سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىغا ئائىت دوكلات توغرىسىدىكى قارارىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش
7. سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى تەكلىپ كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىدىكى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى

**(2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

1. ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىش
2. خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى لايىھەسىنى تەكشۈرۈش
3. 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، 2021 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسىنى تەكشۈرۈش
4. 2020 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلات، 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسىنى تەكشۈرۈش
5. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى (تۈزىتىلمە لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىش
6. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى (تۈزىتىلمە لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىش
7. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)»نى قاراپ چىقىشقا سۇنۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىگە قاراپ چىقىش
8. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىش
9. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىش
10. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقىش

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەم 2021 ـ يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوت لايىھەسى تەكشۈرۈلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ چېننىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئائىت قارار لايىھەسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ. چۈشتىن كېيىن، ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقىدۇ.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ ئېچىلىش يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئاڭلايدۇ. 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات ۋە تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىدۇ.

مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ ئېچىلىش يىغىنىنى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىدۇ، شىنخۇا تورى ئېچىلىش يىغىنىنى نەق مەيداندىن سۈرەت ۋە يېزىق شەكلىدە بىۋاستە تارقىتىدۇ.

مەن نەق مەيداندا

مۇخبىرلار يىغىندىن بۇرۇن ۋەكىللەر تۇرۇشلۇق جاينى زىيارەت قىلدى ——

# خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش پەقەتلا داۋاملىشىدۇ

□ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لى ياڭ

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي تەكلىپلەرنى تۈزىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تولۇق تەييارلىق قىلدى.

ئۆدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، مەيلى ماتېرىيال كۆرۈش ياكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، مۇزاكىرە قىلىش بولسۇن، ۋەكىللەر تۇرۇشلۇق جاي باشتىن ـ ئاخىر ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان بىر خىل تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا چۆمدى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتە، ۋەكىل ھۆرنىسا قادىر ياتىقىدا كومپيۇتېر ئالدىدا يىغىنغا سۇنىدىغان تەكلىپنى قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتى. «ھازىر ھەم جىددىيلىشىۋاتىمەن، ھەم ھاياجانلىنىۋاتىمەن، ۋاقىت بار ئىكەن، دەرھال يەنە تۈزىتىش كىرگۈزەي دەيمەن.» بولتۇر، ۋەكىل ھۆرنىسا قادىر كۆپ قېتىم تۇرپان شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى، يۈزقراۋى قونالغۇلار، دېھقانلار ئارامگاھلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئەھۋالى، يۈزقراۋى قونالغۇلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مەنزىرە رايونلىرىنى قوغداشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، «بەزى تەكلىپلىرىم قوبۇل قىلىندى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تېگىشلىك رولۇمنى جارى قىلدۇردۇم، غەيرىتىم تېخىمۇ تولۇپ تاشتى».

بۇ يىلقى تەكلىپنى تىلغا ئالغاندا، ھۆرنىسا قادىر ناھايىتى ھاياجانلاندى. «تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ ‹چوڭ مېۋە تەخسىسى›نىڭ خۇش ھىدىنى يىراقلارغا تارقىتىش ئۈچۈن، پەقەت ‹ياخشى ئۆستۈرۈش›لا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ‹ياخشى باھادا سېتىش› كېرەك.» ۋەكىل ھۆرنىسا قادىر تۇرپاندا پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك قۇرۇق مېۋە ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى قۇرۇپ، تۇرپاننىڭ مېۋە ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش جەھەتتىكى تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ باغ ـ ئورمان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەشيا ئوبوروتى ۋە توشۇلۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

ۋەكىل شۇ تاۋمۇ بىكار تۇرماي، قۇتۇبى ناھىيەسىدىكى لىي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ شوپۇرى گې ئۇستام بىلەن سىنلىق سۆزلىشىۋاتاتتى. پىدائىيلار قانۇنىنى قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى سۇنماقچى بولغان ۋەكىل شۇ تاۋ مۇنداق دېدى: «پىدائىيلار مۇلازىمىتىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشى كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندىلا تېخىمۇ قېلىپلىشىپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلغىلى بولىدۇ».

ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭنىڭ تەكلىپىنىڭ كۆپىنچىسى «يېزا ئىگىلىكى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باشقا ۋەكىللەر بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ، ئۆز كەسپىنى تىلغا ئالماي قالمايدۇ. بۇ يىل، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن مۇنداق قارىدى: بىڭتۈەن 1 ـ شىسى ئارال شەھىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، تەبىئىي شارائىتى، رايون ئەۋزەللىكى گەۋدىلىك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئارال كۆمۈر، نېفىت، گاز قاتارلىق بايلىقلارنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىشقا پائال قاتناشتى، لېكىن نېفىت خىمىيە سانائىتى باغچە رايونىنى قۇرۇش، پىلانلاش جەھەتتە ئورنى تېخى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسىمۇ دېگەندەك كەڭ ئەمەس.

««جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى دەۋردە غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىپ يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى›دىكى زامانىۋىلاشقان كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش، ئېنېرگىيە تەمىنلەش ـ ئېھتىياج قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى يىرىك پىلانغا ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتى كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، بىڭتۈەننىڭ كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ كۆلەملىشىشى، يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش تەكلىپىنى بېرىمەن» دېدى ۋەكىل يوۋ لياڭيىڭ.

ۋەكىل مەمتىمىن ئابدۇغېنى خوتەن شۆيۈەنى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ مۇكەممەللەشتۈرمەكتە ئىدى. يۇرتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەدەت بېرىش ۋە كۈچ قوشۇشتا ئۇ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىر، زورلۇقىنى ھېس قىلدى. «خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش پەقەتلا داۋاملىشىدۇ، ئاخىرلاشمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەر ۋاقىت خەلقنى قەلبىمدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويىمەن» دېدى ئۇ.